مۇھەممەت باغراش

# مول ھوسۇللۇق يازغۇچى، شەخسىيىتى زۇلال زات

100 نەچچە ھېكايە، 20 نەچچە پوۋېست، ئالتە رومانىنىڭ ئىگىسى بولغان بۇ تۆھپىكار يازغۇچىنىڭلا ئەمەس، بەلكى كىچىككىنە بولسىمۇ تۆھپىسى بار ھەرقانداق بىر يازغۇچى، شائىرنىڭ ئىززىتىنى قىلماق بىزنىڭ قەرزىمىز، ئۇلار ھەقلىق يوسۇندا مۇشۇنداق ئىززەتكە سازاۋەر. مىللىي روھىي خەزىنىمىزگە، ئەدەبىياتىمىزغا قىممەتلىك بايلىق يارىتىپ بەرگەن ۋە بېرىۋاتقان ھەرقانداق بىر يازغۇچى - شائىر ھەرقانداق، ھەر يەردە قەدىرلىنىشى، ماختىلىشى، ھۆرمەتلىنىشى كېرەك. بۇ مەدەنىيەتلىك، ئەقلىي قۇرۇلمىسى ساغلام بولغان مىللەت ھەم خەلقتە بولۇشقا تېگىشلىك ئەقەللىي پەزىلەتتۇر. ئۇلارنىڭ مۇشەققەتلىك ۋە شەرەپلىك ئىجادىي ھاياتى مەخسۇس تەتقىق قىلىنىشى، ئۇلار ئۇچۇن تولۇق ئارخىپ ۋە خاتىرىلەر تۈزۈلۈشى تولىمۇ زۆرۈر. بۇ تارىخىي نۇقتىدىن بەكمۇ ئەھمىيەتلىك ۋە بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئۆسۈشىگىمۇ پايدىلىق.

مەن بىزگە مۇشۇ بايرام پۇرسىتىنى يارىتىپ بەرگەن ئانا ژۇرنىلىمىز — «تارىم» تەھرىراتىغا، بۈگۈنكى بۇنداق بىر خەيرلىك ئىشقا مەدەتكار بولغان، قوللىغان رەھبەرلەرگە، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە تەشەككۇر ئېيتىمەن. ئۇستاز يازغۇچىنىڭ تېنىگە ساقلىق، ئائىلىسىگە ئامانلىق، نەۋرىلىرىگە خۇشاللىق، ئىجادىيىتىگە ھۇسۇل، بەرىكەت تىلەيمەن. ھەر قايسىلىرىغا رەھمەت!

قەدىرلىك كەسىپداشلار، دوستلار، رەھبەرلەر، بۈگۈنكى زىمان ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدا ئۇ «خەير - خوش توقۇز كۇنلۇك ماكان»نى ھېسابىقا ئالمىغاندا ئۇشتۇمتۇتلا چۇقان - سۈرەن سېلىپ، دەبدەبە قوزغىغان ئەمەس؛ داغدۇغىلىق ئەكس تەسىر پەيدا قىلىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ بىر مەھەل قىزىشىپ تالىشىدىغان سۆز تېمىسى بولغان ئەمەس؛ ھەتتاكى بىزدىكى ساناقلىق ئەدەبىي ئوبزورچىلارمۇ ئۇنىڭ ئەسەرلىرى توغرىسىدا كۆپلەپ باھا ۋە ئوبزور ئېلان قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغاپ كەتكەنمۇ ئەمەس. لېكىن ئۇ، ئۈن - تىنسىز، دەبدەبىسىز، شاۋقۇن - سۈرەنسىز ھالدا ئاجايىپ چىدام ۋە غەيرەت بىلەن 40 يىلدىن ئارتۇق ئىشلىدى. دالىدىكى يالغۇز دەرەختەك جىمجىت ھالەتتە 45

يىل ئىجاد ئەتتى. گويا يۈكسەك تاغ چوققىلىرىدىن جەمجەت، ياۋاش - ياۋاش، بىر
مىنۇتمۇ ئۈزۈلۈپ قالماي ئېقىپ بىپايان زېمىنىنىڭ باغرىغا ئۈن - تىنسىز سىڭىپ، زېمىن
باغرىدىكى ئوت - چۆپ، گۈل - گىياھنى كۆكەرتكەن بۇلاق سۈيىدەك، ئۇنىڭ ھەرقانداق
يازمىلىرى ئۆزى بىلەن ئۇچراشقان ھەر بىر كىشىنىڭ يۈرىكىگە سىڭىپ، ئۇلارنى يەڭ-
گىل، قىزغىن، يېقىشلىق بىر روھىي مۇھىتقا باشلاپ كۈلدۈردى، يىغلاتتى ھەم ئۇلارغا
يېپيېڭى تىلەك، ئىنتىلىش ۋە قىزغىن ئىشتىياق بېغىشلىدى.
ئۇ گويا بىر بىناكاردەك ئىشچان، سەممىي، كەمتەر، لېكىن ئۆزىگە، ئۆزىنىڭ قى-
لىۋاتقان ئىشىغا چوڭقۇر ئىشەنچ باغلىغان مۇھەببەتلىك بىناكاردەك ئۆزىگە خاس بىر بىنا
قوپۇردى، ئۆزىگە خاس بىر دۇنيا ياراتتى. بىز ئەخەت تۇردىنىڭ ئۆزىگە تەۋە بۇ دۇنياسىدا
ئاجايىپ گىگانت ئوبرازلارنى، غەلىتە، سۈنئىي، تېگى بوش زوروقۇشلارنى كۆرمەيمىز،
ئەكسىچە راستچىللىقنى، بىر سەممىي قەلبنى، سىدام ۋە يەڭگىل باياندا ئۆز ئەكسىنى
تاپقان پاكىز ھايات ئەقىدىسىنى، مۇھەببەتنى، گۈزەللىكنى ۋە كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان،
بولۇپمۇ شۇ كۈنلەردە نۇرغۇن يازمىلاردا تولىمۇ ئاز ئۇچرايدىغان قىممەتلىك ئاددىيلىقنى،
تەبىئىيلىكنى كۆرىمىز؛ شاۋقۇن - سۈرەنسىز ھالدا مەۋجۇتلۇقنىڭ مەنىسىگە، ھاياتنىڭ
چىن قىممىتىگە تۇتاشقان بىر سەممىي روھ رىشتىسىنى بايقايمىز؛ مول بىلىم، مۇكەم-
مەل تەربىيە، ئەگرى - توقاي كەچۈرمىش، شۇنداقلا يارقىن ۋە گۈزەل غايە، ئىستەكلىرى
بىلەن ئۆزىدىن مەھكەملىگەن، تېگى چىڭ، پىشقان بىر ماھارەتلىك يازغۇچىنىڭ سىما-
سىنى كۆرىمىز. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە جۇلالاپ تۇرغان ئىنسانىي مېھىر، ئادىمىيلىك، ئاق
كۆڭۈللۈك، سەۋرچانلىق ۋە كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدىغان تەقدىر پاجىئەلىرى ھەم كۈل-
پەتلىك تارىخ ... ۋاھاكازالار بىر قۇدرەتلىك ھېسسىيات قىيانىنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆز
ئەكسىنى تاپىدۇ، ئاجايىپ تەسىرچان بىر كۈچكە ئايلىنىدۇ. شۇ ۋەجىدىن خەلقىمىز—
زىيالىيلار، ستۇدېنتلار، قول - ھۈنەرۋەنلەر، سودىگەر - تىجارەتچىلەر ئەخەت تۇردىنى بە-
لىدۇ، ئۇنى ماختايدۇ، ئۇنى سۆيىدۇ. قايسىبىر بۇلۇڭ - پۇچقاقتىكى بىر ۋەيرانە ناۋايخا-
نىنىڭ، قايسىبىر تار كوچىدىكى ساتىراچخانىنىڭ، قايسىبىر خىلۋەتتىكى تۇل خوتۇنىنىڭ
لەڭمەنخانىسىنىڭ ئىشىك بېشىغا «ئانا يۇرت» ناۋايخانىسى، «ئانا يۇرت» ساتىراچخانى-
سى، «ئانا يۇرت» لەڭمەنخانىسى دەپ يېزىۋېلىشلىرى بىر غەلىتە ھادىسە، لېكىن مۇشۇ
غەلىتە ھادىسە ئارىمىزدا تەڭدىشى يوق بۈيۈك يازغۇچى زوردۇن سابىرنى ئۆلمەس يازغۇچىغا
ئايلاندۇرىدۇ. ئۇنىڭ نامى ھەتتا ئاشۇ خىلۋەتلەردە، ئاشۇ كۆلبىلەردە، ئاشۇ ئاددىي ئادەم-
لەرنىڭ يۈرەكلىرىدە مەڭگۈ - مەڭگۈ يادلىنىدۇ. دېمەك شۇنىڭدىن مەلۇمكى، بىر يازغۇ-
چىنى ئۆلمەس قىلىدىغان نەرسە، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى، ياكى ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە
يېزىلغان باھالاردىكى دەبدەبە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ يازمىلىرىنىڭ ئاشۇ ئۆلمەس ئادەملەر
تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشىدا، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھېكايىسىگە، چۆچىكىگە، ناخشى-
سىغا، چاقچىقىغا ھەتتا تىل - ھاقارەتلىرىگە ئايلىنالىشىدا! ھالبۇكى، بۇ مەقسەتكە پەقەت
ئاشۇ ئاددىي ئادەملەرنىڭ تۇرقى - سىياقى، گەپ - سۆزى، پىكىر - تەلەپلىرى، ئارزۇ - ئار-
مانلىرىدەك ئاددىيلىق ۋە تەبىئىيلىك بىلەنلا يېتىش مۇمكىن. پەقەت شۇندىلا پروزا ياكى

بايانچىلىق ھەر بىر كىشىگە، ھەر بىر ئائىلىگە، ھەر بىر بۇلۇڭ-پۇچقاققا، قىسقىسى ھەر بىر قەلبكە ئۇسۇپ كىرىپ جايلىشالايدۇ، ماكانلىشالايدۇ، مۇشۇ مەنىدىن، ئەخەت تۇردىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىستىلىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئاددىي-ساددىلىقنى، تەبىئىيلىكنى، سەمىمىيەتنى بىر خەلقچىل يازغۇچىدا، بىر سەگەك ۋە مەسئۇلىيەتچان يازغۇچىدا بولۇشقا تېگىشلىك خىسلەت ۋە ئارتۇقچىلىق دەپ ھېسابلاش تامامەن مۇمكىن. بۇ، ھەممە يازغۇچى ئۈچۈن بىر نىشان، بىر يول، بىر ئىستەك بولۇپ قېلىشى كېرەك، ئەلۋەتتە! ئۇ بىر «ئۆڭمەس تاۋار»، ئۇ بىر ۋاپادار، سادىقەتمەن، ئەقىدىلىك يازغۇچى، بۈگۈنكى دەۋر — يەنى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش، دەۋرنىڭ ھىممىتى بىلەن دەۋرەپ كەلگەن مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرى ئېقىمى بىلەن بىللە ئېقىپ كىرگەن، كىشىنىڭ كۆزلىرىنى ئالىچەكمەن قىلىۋېتىدىغان ھەر خىل، ھەر رەڭدىكى ئەدەبىيات «ئىزم»لىرى، ئىجادىيەت خاھىشلىرى، ئىپادىلەش ئۇسلۇبى، ئەخەت تۇردىنى ۋەسۋەسىگە سالالمىدى، ئۇنى ئازدۇرالمىدى، ئۇنى ئۆزىنىڭ يولىدىن قايدۇرالمىدى. ئۇ خۇددى ئىشچان ئاتتەك بىر تامان، بىر يولدا ئالغا قاراپ مېڭىۋەردى.

بۇ پەقەتلا ئۆزىنىڭ ئىقتىدارى، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇق قىممىتى ۋە ئىستىقبالىنى توغرا چاملىيالايدىغان، ئۆزىنى بىلەلەيدىغان بىر ئەمەلىيەتچان ۋە پىشقان يازغۇچىدا بولىدىغان ئارتۇقچىلىقتۇر. ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى تولىمۇ زۆرۈر بولغان ئىزدىنىش ۋە تولىمۇ قىممەتلىك بولغان يېڭىلىق يارىتىش روھى تەبىئىيكى ھەممىلا يازغۇچى ئۈچۈن ماس كېلىدىغان «شىپالىق رېتسېپ» ئەمەس. ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ بارلىقىنى مۇشۇ تامانغا بېغىشلاشقا جۈرئەت قىلالىغان، مەيلى بۇ يولدا «پايدا ئالسۇن» ياكى «زىيان تارتسۇن» ۋاي دېمەيدىغان، بۇ قىستاڭ ۋە جاپالىق تار كوچىدا مۆدۈرۈپ-چوقۇرۇپ يىقىلسىمۇ ئۇنى ھار ئالماي يىقىلغان يېرىدىن ئۆمىلەپ قوپۇپ يەنە بىر يېڭى يول ئۈچۈن بارلىقىنى قۇربان قىلالايدىغانلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى بولۇشى كېرەك. تەبىئىيكى، ھەممىلا يازغۇچىدىن بۇنى تەلەپ قىلىش ئاقىلانىلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە! ئەخەت تۇردى دەل مۇشۇ ھەقىقەتنى تونۇپ يەتكىنى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ تاللىۋالغان ئەقىدىسىگە، بەدىئىي غايىسىگە سادىق بولغىنى، ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات ئۈچۈن قىلغان ئەھدۇ پەيمانىغا ئەركەكلەرچە، بىر سۆزلۈك بىلەن مۇئامىلە قىلغىنى ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆزىگە ماس كەلمەيدىغان بىھۇدىلىكتىن ساقلاپ قالدى.

بىر ياش ئەدەبىيات ھەۋەسكارىنىڭ تۇنجى يازمىسىنىڭ تەقدىرى، مەلۇم مەنىدە شۇ ھەۋەسكارنىڭ پۈتكۈل تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ. تۇنجى يازمىسىدا ئەدەپ يەپ كەتكەن ھەۋەسكارنىڭ پۈتكۈل غەيرەت-شىجائىتى، ئارزۇ-ئارمىنى، ئىنتىلىش ئىستەكلىرى بىراقلا گۆمۈرۈلۈپ، روھىي بىتچىت بولۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ياش قەلەم ئىگىسىنى ئامالىنىڭ بارىچە، بارلىق ئىمكانىيىتىدىن پايدىلىنىپ يۆلەش ئۇنىڭغا مەدەت بېرىش، ئۇنى يېتەكلەش ۋە پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرۈش بىر تەھرىرنىڭ، بىر ژۇرنالىستنىڭ باش تارتىپ بولماس بۇرچىدۇركى، بۇ ھەم گېزى كەلگەندە ئاجايىپ كاتتا ساۋابلىق ئىشتۇر!

سىزنىڭ كۆڭلى-كۆكسىڭىزنى كەڭ تۇتۇپ، بىر ياش ھەۋەسكار ئۈچۈن قىلغان ھىممىتىڭىز، بەلكىم كەلگۈسىدىكى بىر داڭدار يازغۇچىنى يۆلىگىنىڭىز بولۇپ قىلىشى مۇمكىن، بۇ سىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن كۆرسەتكەن ئاجايىپ تۆھپىڭىز ئە-

مەسىمۇ؟!

ئەخەت تۇردى پىشقان، ئەسەر تونۇيدىغان، ئادەم تونۇيدىغان، نەزەرى ئۆتكۈر، يىراقنى كۆرەر، كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭرى، مەرد ـ مەردانە مۇھەررىر ۋە ژۇرنالىست ئىدى. ئۇنىڭ ھىممىتى ۋە يۆلەكچىلىكى بىلەن مەن قاتارلىق ئونلىغان ياش قەلەمكەشلەر تولىمۇ تار ۋە قىستاڭ ئەدەبىيات كوچىسىغا قىستىلىپ كىرىۋالدۇق ۋە بۇ ساھەدە ئانچە ـ مۇنچە ئىش ـ ئوقەت قىلىپ ياشاپ قالدۇق. «ئالتۇن ياتار سايدا، تونۇمىساڭ نېمە پايدا» دېگەندەك سىز ھەرقانچە تالانتلىق بولۇڭ، مۇبادا بىر ئەقلى ئويغاق، كۆزى روشەن مۇھەررىر سىزگە سورۇن بەرمىسە، ئاشۇنداق بىر يېتەكچى سىزنى مەيدانغا ئىتتىرىپ چىقارمىسا، بىر بۇلۇڭدا بوينىڭىزنى قىسىپ قالغىنىڭىز قالغان. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا ئەخەت تۇردىدەك كۆڭلى دەريا، مەرد ـ مەردانە ئۇستاز مۇھەررىرلەر، ژۇرنالىستلار، تېخىمۇ ھۆرمەتلەشكە، قەدىرلەشكە ھەم ماختاشقا ئەرزىيدۇ.

ئەخەت تۇردى ئۇزاق مەزگىل «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ گۈللىنىشى، شۆھرىتى ۋە ھۆرمىتى ئۈچۈن شەخسىيەتسىز تۆھپە قوشقان قابىل ژۇرنالىست، بىر ژۇرنالنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولۇشى، ئۇنىڭ دەۋرنىڭ ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، توغرا سىياسىي مەيداندا چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئاۋازىنى ياڭرىتىپ، جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن ھېچ ئىككىلەنمەي خىزمەت قىلىش بىلەن بىللە، شەخسىيەتسىز ۋە غەرەزسىز ھالدا مۇنەۋۋەر يازغۇچىلار قوشۇنى ۋە نادىر ئەسەرلەر زاپىسىنى ئويۇشتۇرۇپ، ئوقۇرمەنلەر ئاممىسىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرغان ـ قاندۇرمىغانلىقى بىلەن خىزمەت قىلغان ـ قىلمىغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك.

ئەخەت تۇردى توغرا يېتەكچى ئىدىيە، توغرا ئىجادىيەت خاھىشى ھەم ساغلام ئىجادىيەت ئىستىلىغا ئىگە، ئەدەبىياتنى تۇرمۇشنى سۆيگەندەك سۆيىدىغان، بىلىم قۇرۇلمىسى مۇكەممەل بىر يازغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەدەبىياتىمىزنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالغان بىر مۇنەۋۋەر، مول ھوسۇللۇق يازغۇچى، ئۇنىڭ 45 يىللىق ئىجادىي ئۆمرى خۇددى ئىشچان، سەممىي، جاپاكەش ۋە قانائەتچان ئاق كۆڭۈل دېھقانىنىڭ بىر كۈنىدەك ھالال، پاكىز، چىن، دۇرۇست، ھەم شەرەپلىك ئۆمۈر، بىز ھەۋەس قىلىدىغان ھەم سۆيۈنىدىغان ئۆمۈر. ئەخەت تۇردى ئەنە شۇنداق بىر يازغۇچى، ئەنە شۇنداق بىر ئۇستاز، ئەنە شۇنداق بىر ئىنسان!

بىز بۈگۈن ـــ ئاتاقلىق يازغۇچىمىز ئەخەت تۇردى ئۈچۈن بايرام قىلىۋاتىمىز، بۇ خۇشاللىق ۋە بايرام ھەممىمىزنىڭ خۇشاللىقى ۋە بايرىمىدۇر. مەن ئاخىرىدا ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە يەنىمۇ زور ئۇتۇق، تېنىگە سالامەتلىك تىلەش بىلەن بىللە مۇشۇ ئەھمىيەتلىك پائالىيەتنى ئويۇشتۇرغان «تارىم» ژۇرنىلىغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن!